شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 11 - ئاي
23
دۈشەنبە
维吾尔文 11 月23日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25254 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى 15 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىنىڭ 2 - باسقۇچلۇق يىغىنىغا قاتناشتى



11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا سىن شەكلىدە 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى 15 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىنىڭ 2 - باسقۇچلۇق يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات مەسىلىسى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى نۇقتىلىق شەرھلىدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ يې فوتوسى

11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا سىن شەكلىدە 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى 15 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىنىڭ 2 - باسقۇچلۇق يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات مەسىلىسى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى نۇقتىلىق شەرھلىدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شياڭ فوتوسى

二十国集团领导人第十五次峰会
G20 Leaders' Summit
G20

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كەچتە، بېيجىڭدا سىن شەكلىدە 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى 15 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىنىڭ 2 - باسقۇچلۇق يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات مەسىلىسى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى نۇقتىلىق شەرھلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سىغدۇرۇشچان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل، ئېلاستىكلىققا ئىگە كەلگۈسىنى يارىتىشتا، يەر شارىۋى نامراتلار سانىنى ئازايتىش ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش ئىنتايىن مۇھىم. يېڭى تېپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا، بىز ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىشقا موھتاج.

بىرىنچى، تەرەققىياتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يېتەكچى قىلىپ، تەرەققىيات ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ تەرەققىيات پەرقىنى كىچىكلىتىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى رىياد باشلىقلار يىغىنىنىڭ «يەر شارىنى قوغداش» باش تېمىسىدىكى تەرەپلەر يىغىنىدا سۆز قىلدى



11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى رىياد باشلىقلار يىغىنىنىڭ «يەرشارىنى قوغداش» باش تېمىسىدىكى تەرەپلەر يىغىنىدا سۆز قىلدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆربىن فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى رىياد باشلىقلار يىغىنىنىڭ «يەر شارىنى قوغداش» باش تېمىسىدىكى تەرەپلەر يىغىنىدا سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يەر شارى بىزنىڭ ئورتاق يۇرت - ماكانىمىز. ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ كىلىمات، مۇھىت ساھەسىدىكى خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، بۇ كۆك رەڭلىك پىلانېتنى ياخشى قوغدىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ ئۈچ تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرىنچى، كىلىمات ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. 20 دۆلەت گۇرۇھى يېتەكچىلىك رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىلىمات ئۆزگىرىشى رامكا ئەھدىنامىسى»نىڭ يېتەكچىلىكىدە، كىلىمات ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇش «پارىژ كېلىشىمى»نىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

■ يەر شارى بىزنىڭ ئورتاق يۇرت - ماكانىمىز. ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ كىلىمات، مۇھىت ساھەسىدىكى خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، بۇ كۆك رەڭلىك پىلانېتنى ياخشى قوغدىشىمىز كېرەك

■ ئۈچ تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچى، كىلىمات ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. ئىككىنچى، پاكىز ئېنېرگىيەنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئۈچىنچى، تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىدىغان ئېكولوگىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك

دۇنيادىكى قويۇق تۇمانلارنى تارقىتىۋېتىش دەۋر كۈچلۈك ساداسىنى ياڭرىتىش

—— دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ يى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 12 - قېتىملىق ئۇچرىشىشى، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 27 - قېتىملىق رەھبەرلەر بىرەسمىي يىغىنى، 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 15 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتناشقاندا ئېرىشكەن نەتىجىلىرى ئۈستىدە توختالدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 22 - كۈندىكى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە، جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئارقا - ئارقىدىن كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 12 - قېتىملىق ئۇچرىشىشى، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ 27 - قېتىملىق رەھبەرلەر بىرەسمىي يىغىنى، 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 15 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىدىن ئىبارەت ئۈچ مەيدان مۇھىم، زور كۆپ تەرەپلىك دىپلوماتىيە پائالىيىتىگە قاتناشتى ھەم بىر قاتار مۇھىم سۆز قىلدى. پائالىيەت ئاخىرلىشىش پەيتىدە، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ يى مەركەز تاراتقۇلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يىغىنغا قاتنىشىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار مۇھىم، زور ئىدىيە، تەشەببۇس ھەم ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى، تەسىرىنى شەرھلەپ چۈشەندۈردى.

ۋاڭ يى مۇنداق بىلدۈردى: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى يۇرۇشلۇق يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن، رەئىس شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم يەر شارىۋى كۆپ تەرەپلىك سەھنىدە دەۋر كۈچلۈك ساداسىنى ياڭرىتىپ، جۇڭگو لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ ئۈچ مەيدان كۆپ تەرەپلىك يىغىن ئەسىر يۇقۇمى بىلەن 100 يىللىق ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى گىرەلىشىپ كەتكەن، يەر شارىۋى ئىقتىساد ئېغىر چېكىنىشكە پېتىپ قالغان، دۇنيا داۋالغۇش، ئۆزگىرىش مەزگىلىگە كىرگەن چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشتە ئۆتكۈزۈلدى. يېقىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىپ، كەلگۈسى بىر مەزگىلدىكى جۇڭگو تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى سىزىپ چىقىلدى. خەلقئارا جەمئىيەت رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يىغىنغا قاتنىششىغا يۈكسەك دىققەت قىلدى، ئۈمىدكە تولدى.

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: رەئىس شى جىنپىڭ دۇنيادىكى 100 يىللىق زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدىكى دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشنى نەزەردە تۇتۇپ، كەڭ، ئۇلۇغۋار خەلقئارا نەزەر ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەن، تەمكىن، ئالىيجاناب سالاپىتى بىلەن كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى، ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ 100 يىللىق ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدىكى تارىخىي ئورنىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، يۇقۇمدىن كېيىنكى دەۋردىكى خەلقئارا تەرتىپنى يارىتىش، يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلەلەر توغرىسىدا ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى»نى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى

شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى قانۇنچىل شىنجاڭنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش كېرەك

چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى

شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلىپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، ئۆزلەشتۈردى، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنى، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى»نى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۆگىنىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

شىنجاڭ داشۆ قانۇن شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى دېڭ شېمىن مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى بەردى. دېڭ شېمىن شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى زىچ چۆرىدەپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئېلان قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك، ئەمەلىيەت ئالاھىدىلىكى، دەۋر ئالاھىدىلىكى قاتارلىق تۆت جەھەتتىن قانۇن سىستېمىسىنى تونۇشتۇرۇش، ماددىلارنى چۈشەندۈرۈش ۋە دېلو مىساللىرىنى تەھلىل قىلىش قاتارلىقلارغا بىرلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر، سىستېمىلىق، ئىلمىي، ئومۇميۈزلۈك چۈشەندۈردى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى» يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى «قانۇن دەستۇرى» نامى بىلەن ئاتالغان قانۇن،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى

جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقىنى قوغدايلى ۋە ئىلگىرى سۈرەيلى

— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

4 - بەتتە

ئالدىنقى ئون ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش مىقدارى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 9.5% ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي**نىڭ دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئالدىنقى ئون ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي توك چىقىرىش مىقدارى 187 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، يېڭى ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش مىقدارى 50 مىليارد 960 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 9.5% ئاشقان.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

بىڭتۇەن 7 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ 9 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ شياۋيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 9 - ئومۇمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا بىڭتۇەن پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەن پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ئارخىپ خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ئارخىپ خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى، بولۇپمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان

(ئاخىرى 2 - بەتتە)